مەريەم ئىمىن

# شائىرچاق

يۇرۇشلۇك سەبىيلەر كىتابلىرى

«小·诗人»系列幼儿读物

## مەن ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلەر

## 我爱吃的水果



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەريەم ئىمىن

# شائىرچاق

يۇرۇشلۇق سەبىيلەر كىتابلىرى

《小诗人》系列幼儿读物

# مەن ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلەر

我爱吃的水果



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

Scanned with CamScanner

# مەن ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلەر

ئوماق، ئوماق بالىلار،
بۇ كىتابقا قاراڭلار.
ساقلاپ قالدى سىلەرنى،
مېۋە-چېۋە دوستۇڭلار.

مېۋىلەرنىڭ ئىسمىنى،
قېنى ئاتاپ بېقىڭلار.
تونۇدۇڭلار نەچچىنى،
ساناپ-ساناپ بېقىڭلار.

مېۋىلەرنىڭ رولىنى،
ياخشى بىلىۋېلىڭلار.
ۋىتامىننى تولۇقلاپ،
ئەقىللىك چوڭ بولۇڭلار.



## ئەسسالام، سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىلار!

ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان ئاتا-ئانىلارغا، پەرۋىشكە موهتاج ئوماق كىچىك دوستلارغا ئازدۇر-كۆپتۇر ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىدتە، قۇرۇلمىسى ئىخچام، ئاسان ئەستە قالىدىغان، مەزمۇنى يىغىنچاق، سەبىي بالىلارغا تولىمۇ ماس كېلىدىغان شېئىر-قوشاقتىن پايدىلىنىپ «شائىرچاق» نامىدىكى سەبىيلەر يۈرۈشلۈك كىتابلارنى تەييارلىدىم. بۇ كىتابلار ئاتا-ئانىلارغا، سۆيۈملۈك كىچىك دوستلارغا كىچىككىنە نەپ بېرەلىسە، ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك هېس قىلغان بولاتتىم.

«مەن ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلەر» ناملىق بۇ قىسمىدا بالىلار تونۇشۇشقا تېگىشلىك بولغان 44 خىل مېۋە هەم شۇلارغا ماس بولغان ئاددىي شېئىرلار كىرىشتۈرۈلدى. شېئىرلارنى بالىلارغا ئوقۇپ بەرسەك، بالىلار تىلىنىڭ راۋانلىششى، سۆزلەش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشىغا پايدىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى كىتابتىكى ئوماقلارنىڭ سۈرەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سەبىي تەپەككۇرىنىڭ ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





# مۇندەرىجە


ئۈجمە پىشتى ........ 2
ئۇ نېمە؟ ........ 3
مالىنانى كۆرگەنمۇ ........ 4
بۆلجۈرگەن ........ 5
ئالقاتنى بىلەمسىز؟ ........ 6
دولانا ........ 7
گىلاسخان ........ 8
جىنەستە ........ 9
ئۆرۈكلەر ........ 10
ئالۇچا ........ 11
قارئۆرۈكنىڭ چاپىنى ........ 12
ئەينۇلا ........ 13
بەش شاپتۇل ........ 14
تۇغاچجان ........ 15
ئالمىنى كۆپ يەڭ ........ 16
بېھى دېگەن ........ 17
تاۋۇز ئەپ كەلدىم ........ 18
قوغۇن يېگەندە ........ 19
شېكەر نەشپۈت ........ 20
ئامۇت ........ 21
«ياغاچ قۇلاق» ئەنجۈر ........ 22
ئانار ........ 23
ئۆزۈم پىشتى ........ 24
قارىغات ........ 25
بانان يېسە بوۋاقلار ........ 26
ئاناناس ........ 27
ئاپېلسىن ........ 28
ھالۋابىدىت ئاپتىمەن ........ 29
ئەنبەھ ........ 30
تونۇمايتتىم لىموننى ........ 31
ياڭاق ........ 32
كاشتان ........ 33
كۈلگەك پىستە ........ 34
بادام يەڭ ........ 35
جىگدىلەرنى بىلىمەن ........ 36
چىلان تۆكۈلدى ........ 37
مايمۇن شاپتۇلى ........ 38
خورما ........ 39
دۇريان دېگەن ........ 40
ھايمانتۇس قانداق مېۋە؟ ........ 41
لىچى ........ 42
كۈلى بېھىسى ........ 43
مۇقاتىل ........ 44
يەر ياڭىقى ........ 45




Scanned with CamScanner



ئۈجمە

桑葚

sāng shèn

mulberry

# ئۈجمە پىشتى

باھار كەلدى، ياز كەلدى،
ئۈجمىلەر پىشتى.
قۇشلار كېلىپ ئۈجمىنىڭ،
شېخىغا قوندى.
چوقۇپ-چوقۇپ ئۈجمىنى،
تاشلىدى يەرگە.
تېرىپ پۈۋلەپ ھەدىسى،
بەردى ئەكبەرگە.
چۈشۈردى كۆپ ئۈجمىنى،
قۇشقاچ ۋىچىرلاپ.
سېۋەتكە بالىلار،
تەردى ئاۋايلاپ.









- ئۈجمە يەپ باققانمۇ؟
- «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» نى ھەم تېز، ھەم ئېنىق قىلىپ بەش قېتىم دېيەلەمسىز؟
- ئۈجمىنىڭ يەنە قانداق ئىسمى بار؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

شاتۇت

药桑葚

yào sāng shèn

medicine mulberry





# ئۇ نېمە؟

قوڭغۇزمىكىن دەپ قالماڭ،
تۇرسا قارا، پارقىراپ.
بوياپ قويار كىيىمنى،
تۇتمىسىڭىز ئاۋايلاپ.

چۇچۇمەلنى يېسىڭىز،
تىلنى سەل-پەل قورۇيدۇ.
ئىسسىق ئۆتۈپ ئاغرىسا،
دوختۇر «يەڭ» دەپ بۇيرۇيدۇ.



ياز ئاخىرى پىشىدۇ،
قاقسا تەستە چۈشىدۇ.
ئېلىپ ئىسسىق سەپرانى،
قانغا دەرمان قوشىدۇ.



- ئەلنۇردىن شاتۇت دېگەن نېمە دەپ سورىسام، ئۇ «نېمە دېسە شۇنى دورايدىغان قۇش» دەپ جاۋاب بەردى. سىزچە توغرىمۇ؟
- سىز شاتۇت يەپ باققانمۇ؟



Scanned with CamScanner



# مالىنانى كۆرگەنمۇ



مالىنا

树莓

shù méi

palmleaf

مالىنانى كۆرگەنمۇ؟
هام-هام قىلىپ يېگەنمۇ.
سورىغاندا تەمىنى،
تاتلىق-تاتلىق دېگەنمۇ؟



مالىنانى تونۇماي،
بۆلجۈرگەن دەپ قالماڭلار.
چالا-بۇلا پۇۋ قىلىپ،
ئاغزىڭلارغا سالماڭلار.

مالىنامۇ دورىدۇر،
ياقار ھەرخىل كېسەلگە.
بارمۇ كىشى ئۇنىڭكى،
شىپاسىنى بىلەرگە؟





- مالىنانى كۆرگەنمۇسىز؟
- مالىنانىڭ ماكانى قەيەر؟
- مالىنا بىلەن بۆلجۈرگەن ئوخشامدىكەن؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۆلجۈرگەن

草 莓

cǎo méi

strawberry





# بۆلجۈرگەن

بۆلجۈرگەننى دەرەختە،
بولارمىكىن دەپتىمەن.
تۇرسا قىزىل-چىرايلىق،
يۇماستىنلا يەپتىمەن.



پىشار ئىكەن قىزىرىپ،
ماي ئېيىدا ئاپتاپتا.
سۇ يىغىلار ئاغزىمغا،
ئويلىسامۇ شۇ تاپتا.



- فىروزە بۆلجۈرگەننى «بۇجۇجەن» دەيدىكەن. سىز بۆلجۈرگەن دېيەلەمسىز؟
- بۆلجۈرگەن يېيىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟



Scanned with CamScanner







# ئالقاتنى بىلەمسىز؟



ئالقات

构杞
gòuqǐ

Chinese wolfberry

ئالقاتنى بىلەمسىز؟
رەڭگى قىزىل بولىدۇ.
ئالقاتنى يېسىڭىز،
كۆزنى روشەن قىلىدۇ.

A، B، C ۋىتامىنلار،
تەنگە قۇۋۋەت بېرىدۇ.
ياخشى بالا ئۆزى يەپ،
دوستىغىمۇ بېرىدۇ.



ئالقاتتا ۋىتامىنلار بەك كۆپ، يەنە كېلىپ بالىلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىگە پايدىلىق. سىز ئالقات توغرۇلۇق يەنە نېمىلەرنى بىلىسىز؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# دولانا

دولانا

山 楂

shān zhā

crab apple

كۆز يېغىنى يېگۇدەك،
كۆركەم ئىكەن دولانا.
ئالما بىلەن ئانارغا،
ئوخشايدىكەن دولانا.

رەسىمگە قارىسام،
غۇژمەككەنغۇ دولانا.
ئەسلىي ئالما، ئانارد‌ىن،
كىچىككەنغۇ دولانا.



«دولانا» دەپ ئاڭلىدىم،
تېخى تېتىپ باقمىدىم.
رەسىمنى ھەر كۆرسەم،
«دولانا» دەپ ئاتىدىم.



- دولانا يەپ باقتىڭىزمۇ، تەمى قانداقكەن؟
- دولانا مېۋىلەر ئىچىدە قايسى مېۋىگە بەك ئوخشايدىكەن؟
- ئانار چوڭمۇ، دولانامۇ؟



Scanned with CamScanner





# گىلاسخان



گىلاس

樱 桃

yīng táo

cherry

غۇژمەك-غۇژمەك قىپقىزىل،
تۇرار ئىكەن گىلاسلار.
ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا،
قاراپ قالدى ئاداشلار.



تەمى قانداق بىلەمسىز؟
قېنى ئېلىپ يېمەمسىز!
ۋىتامىن C مول ئىكەن،
گىلاسخاندا دېمەمسىز!



- گىلاس يەپ باققان بول-سىڭىز تەمىنى بىزگە ئېيتىپ بېرەلەمسىز ؟
- گىلاسنىڭ رەڭگى قانداق بولىدىكەن ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جىنەستە

毛 樱 桃

máo yīng táo

Nanking cherry



# جىنەستە



جىنەستەيۇ جىنەستە،
تۇگەپ كەتتى يېمەستە.
ئۆمىلەپ كىرىپ ئاستىغا،
تاپقانتىمغۇ مىڭ تەستە.

ئېيتىپ بەرسەم: بار ئىدى،
ھويلىمىزدا جىنەستە.
جىنەستىنى بىلگەن مەن،
دوستلىرىمۇ بىلمەستە.



- ئاراڭلاردا كىملەر جى-نەستە يەپ باققان؟
- جىنەستىنىڭ تەمى گىلاسنىڭكىگە ئوخشامدۇ، ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلىدىڭىزمۇ؟



Scanned with CamScanner





# ئۆرۈكلەر





ئۆرۈك مېغىزى
杏 仁
xìng rén
almond



ئۆرۈك
杏 子
xìng zi
apricot

چېچەكلىسە ئۆرۈكلەر،
گۈلگە تولار يەر-جاھان.
قونۇپ شاخقا قۇشقاچلار،
بولار شۇنچە شادىمان.

«ئاق كىشمىش»نى كۆرگەندە،
«كۈمۈش تەڭگە» دەپ قالماڭ.
ئۈچكىسىنى قوشۇپلا،
يۇتۇۋالماڭ، يەپ سالماڭ.

ئاقسىل بىلەن تويۇنغان،
ئۆرۈكلەرنىڭ مېغىزى.
كۆرۈڭ مېنىڭ يېزامنى،
گويا ئۆرۈك دېڭىزى.



● سىڭلىم ئۆرۈكنى «ئۈ-
يۈك» دەيدۇ. ماڭا بەكمۇ ئوماق
ئاڭلىنىدۇ. باشقا كىچىك دوستلارمۇ
شۇنداق ئاتامدىغاندۇ؟
● ئۆرۈكنى ياخشى
كۆرەمسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com









# ئالۇچا

ئالۇچا دەپ مېۋە بار،
دۇپدۇگىلەك چىرايلىق.
قىزىتمىنى چۈشۈرەر،
بولغاچ ئۇمۇ شىپالىق.

ئالۇچا
李子
lǐ zi
plum



ئالۇچىنىڭ ئىچىدە،
ئۇچكىسى بار بىلىسىڭىز.
يېسە تىلنى قورۇيدۇ،
غورىسىنى يېسىڭىز.



- ئالۇچىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟
- ئۆرۈك بىلەن ئالۇچىنىڭ پەرقىنى بىلەمسىز؟
- ئالۇچا يېگەن بولسىڭىز بىزگە تەمنى دەپ بېرەمسىز؟



Scanned with CamScanner







# قارىئۆرۈكنىڭ چاپىنى



قارىئۆرۈكنىڭ چاپىنى،
قارىمىدۇ راستىنلا؟
قېقىنىغۇ مەن يېگەن،
سەن يېدىڭمۇ ئېيتقىنا؟

ئەينۇلاغا ئوخشايدۇ،
قارىئۆرۈككە باقساڭلار.
بىلمىگەنلەر سورىسا،
توغرا ئايرىپ بېرىڭلار.



قارىئۆرۈك

酸 梅

suān méi

sour plum



- قارىئۆرۈك قانداق مېۋە؟
- قارىئۆرۈكنىڭ رەڭگى قاپقارا بولامدۇ؟
- قارىئۆرۈكنىڭ ماكانى نەدە؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ئەينۇلا

ئەينۇلا

梅子

méi zi

plumcot

ئەينۇلايۇ ئەينۇلا،
بىزنىڭ باغدا ئەينۇلا.
ئۈزۈپ بەرسەم ئىككىنى،
يەپ باقامسىز ھەي بالا!

بېغىمىزغا مېنى دەپ،
كېلىدىغان دوست تولا.
توشقۇزاي مەن ئۇلارنىڭ،
سېۋىتىگە ئەينۇلا.



- ئەينۇلا قانداق مېۋە؟
- ئەينۇلا، ئالۇچا، قارىئۆرۈكلەرنى ئايرىيالامسىز؟



Scanned with CamScanner



# بەش شاپتۇل





ئەش شاپتۇلۇم، ئەش شاپتۇل!
دوستلىرىمغا بەش شاپتۇل.
بىغىمىزدا تۈرى جىق،
ياما يەمسىز، ئەش شاپتۇل؟

شاپتۇللارنى يەپ بولۇپ،
قول يۇيۇشنى ئۇنتۇماڭ.
يۇمىسىڭىز يۈز-قولنى،
قىچىشتى دەپ يىغلىماڭ.

- نېمە ئۈچۈن شاپتۇل يەپ بولغاندا چوقۇم قول يۇيۇش كېرەك، سىزنىڭ شۇنداق ئادىتىڭىز بارمۇ؟
- شاپتۇلنىڭ قانداق تۈرلىرىنى بىلىسىز؟



شاپتۇل

桃 子
táo zi

peach



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





# توغاچجان





توغاچ تاتلىق بولغاچقا،
ئەپ قىچىپتۇ توغاچجان.
يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتلىرى،
بەك ئاغرىپتۇ ۋاي-ۋايجان.

هەي توغاچجان توغاچنى،
ئېلىپ قاچساڭ بولمايتتى.
ياخشى نەرسە تاپقاندا،
يالغۇز يېسەڭ بولمايتتى.

توغاچجان ياخشى بالا،
ئاداشلىرى بەك تولا.
ئاداش بىلەن تەڭ يېسە،
توغاچلىرى كۆپ بولا.

توغاچ
油 桃
yóu táo
nectarine



● توغاچ كىچىك دوستلار ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان مېۋە. باشقىلار بىلەن تەڭ يېسە تېخىمۇ تەملىك تېتىيدۇ.

● سىز توغاچ يېگەندە ئالدى بىلەن كىمگە بېرىشنى ئويلايسىز؟



Scanned with CamScanner



# ئالمىنى كۆپ يەڭ

ئالما
苹果
píng guǒ
apple

ئالما ئۆزى ھۆل ئىسسىق،
مېۋىلەرنىڭ خىلىدۇر.
ۋىتامىن مول ئۇنىڭدا،
ۋىتامىن C بېرىدۇر.

مېڭىنى ھەم يۈرەكنى،
قۇۋۋەتلەيدۇ جىگەرنى.
ئۇ تولۇقلاپ تومۇرنى،
قايتۇرىدۇ زەھەرنى.





- لەزىنە ئالما يېمەكچى بولسا ئالدى بىلەن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردىن ئالما سۇنىدۇ. ئاخىردا ئۆزى يەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى نېمىدېگەن سۆيۈملۈك-ھە؟
- سىز لەزىنەدەك قىلالامسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بېھى دېگەن ...

بېھىنى دەيدۇ،
بېھىشتىن چىققان.
بېھىش قەيەردە؟
ئېيتقىنا چاققان.

بېھىش دېگىنى،
بوۋامنىڭ ئۆيى.
ئۆستۈردى بەك جىق،
ئاشۇ بېھىنى.

ئەتسە گەر مومام،
بېھى پولۇنى.
خۇش پۇراق قاپلار،
بىزنىڭ قورۇنى.



بېھى
榅 桲
wēn bó
quince



- بېھىنى بىلەمسىز؟
- مومىڭىز بېھى سېلىپ ئەتكەن پولۇ بەك يېيىشلىكمىكەن؟
- مەنمۇ مومىڭىزنىڭ ئۆيىدە پولۇ يەپ كەلسەم بولامدۇ؟



Scanned with CamScanner





تاۋۇز

西瓜

xī guā

Water melon

# تاۋۇز ئەپ كەلدىم



ئىچى «مىخلاقلىق»،
تېشى «سىرلاقلىق».
تاۋۇز ئەپ كەلدىم،
بوۋنى «باغلاقلىق».

قوغۇن-تاۋۇز دەپ،
قىلىمىز تەلەپ.
شاپىقى بىلەن،
ئېتىمىز ھەلەپ.



شاپاقلىرىنى،
قويلىرىم يېسۇن.
«باھادىر ئاكام،
ياخشىكەن» دېسۇن،



● ئۇكام تاۋۇزنى «تا-
ۋىز» دەيدۇ. سىز تاۋۇز دېيەلەمسىز؟
● تاۋۇز يېگەندە ئۇرۇقنى ئايرى-
يالامسىز، تاۋۇز يېگەندە ئەڭ بۇرۇن
كىمنى ئويلايسىز؟
● ئۆيىڭىزدە يەنە كىملەر تاۋۇز
يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# قوغۇن يېگەندە



غەلۋىخور قىز ئادىلە پەقەت،
قوغۇننىلا يەيمەن دەيدىكەن.
شالدامنى تاقىماستىنلا،
شالاپشىتىپ قوغۇن يەيدىكەن.

كېيىمنىڭ تولىسى شۇڭا،
قوغۇننىڭلا شالتىقى ئىكەن.
قولنى يۇماي، ئېغىز چايقىماي،
«ۋاي چىشىم» دەپ ۋايۋايلايدىكەن.



قوغۇن
甜瓜
tián guā
melon



● ئەنۋەر قوغۇننى «كۇگۇن» دەيدىكەن. ئۇ قوغۇنغا بەك ئامراق بولغاچقا، يەپ بولۇپلا چىشى ئاغرىيدىكەن.
● سىز قوغۇن يەپ بولغاندىن كېيىن ئېغىز چايقىدىڭىزمۇ؟





# شېكەر نەشپۈت



نەشپۈت چېچەك ئېچىپتۇ،
كورلىدىكى باغلاردا.
دەستە قىلىپ چېچەكنى،
سۇنغۇم كەلدى دوستلارغا.

ئەمما دەستە تىزمايمىز،
مېۋە بېرەر چېچەكتىن.
يۇلۇۋەتسەك چېچەكنى،
پەرقى قالماس سۆگەتتىن.

نەشپۈت گويا بال-شېكەر،
ئەجەب شېرىن مېۋە ئۇ.
ئۇسسىغاندا يېسىڭىز،
جانغا ھۇزۇر بېرەر ئۇ.



نەشپۈت

香 梨

xiāng lí

pear



ئالمىرە نەشپۈتنى «نەشۈت» دەيدىكەن. ئەمما، نەشپۈتنى چوقۇم دوستلىرى بىلەن بىللە يەيدىكەن. سىزمۇ شۇنداق قىلالامسىز؟

ئالمىرە مەندىن «نەشۈتنىڭ ئۆيى قەيەردە؟» دەپ سورىدى. سىز ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئامۇت
梨子
lí zi
pear



# ئامۇت



قوتۇر دېمەڭ ئامۇتنى،
ئىشتىھانى ئاچىدۇ.
ئامۇت يېگەن بالىنىڭ،
ئۇسسۇزلۇقى قانىدۇ.

ئوخشار شەكلى نەشپۈتكە،
پوستى ئۇنىڭ سەل قاتتىق.
تىلنى قورار يېگەندە،
تەمى چۈچۈك ھەم تاتلىق.





- سوبھەدە ئامۇتنى نەشپۈتمىكىن دەپ بىر چىشلەپتىكەن، ئاچچىق-چۈچۈك ئامۇت ئۇنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. ئۇ: ئاپلا! بۇ پىشمىغان نەشپۈتكەندە، دەپتۇ.
- سىز ئامۇت بىلەن نەشپۈتنى ئايرىيالامسىز؟



Scanned with CamScanner



# «ياغاچ قۇلاق» ئەنجۈر





ئەنجۈر قېقى



ئەنجۈر دېگەن بەك تاتلىق مېۋە،
ئۇرۇقىنى قۇرتكەن دېمە.
بۇنداق تاتلىق مېۋە نەدە بار؟
دەپ قالىسەن ھەسەلمۇ نېمە!

قۇۋۋەت بولدى مەندەك ئۇرۇققا،
سىلەرگىمۇ شىپا بولىدۇ.
ئەنجۈرنىڭ بىر ھېكايىسى بار،
ئاراڭلاردا كىملەر بىلىدۇ؟



«ياغاچ قۇلاق» بولغاچقا ئەنجۈر،
چوڭ دادامدىن شاپىلاق يەيدۇ.
دەپ بېقىڭە دوستۇم نېمىشقا،
ئەنجۈرنىلا مۇشۇنداق يەيدۇ؟



گەپ ئاڭلىماس ئەنجۈر ماكانى،
بەك يىراقتا، ئاتۇشتا دەيدۇ.
ئۆزى ئوڭلۇق، زېرەك باللار،
باشقىلاردىن دەككە يېمەيدۇ.

ئەنجۈر

无花果

wú huā guǒ

fig

- بىر بالا ئەنجۈرنى ئىچىدە قۇرت بار دەپ يېگىلى ئۇنىمايدىكەن. ئۇ بالا ئەنجۈرنىڭ نېمىسىنى قۇرت دەپ قالغاندۇ؟
- ئەنجۈرنى نېمە ئۈچۈن شاپىلاقلاپ يەيدۇ؟
- ئەنجۈرنىڭ ئۆيى قەيەردە؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





# ئانار

ئانار

石榴
shí liú

pomegranate





شېخىدا ئانار-ئانار،
تۇرىدۇ قاتار-قاتار.
شۇ ئانارنىڭ ئىچىدە،
ئۈنچىلەر ياتار-ياتار.

قىپقىزىل شۇ ئۈنچىلەر،
ياقۇتلاردەك يالتىرار.
قان تومۇرغا، يۈرەككە،
بەك ئوبدان داۋا بولار.







- ئانار يېيىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟
- ئۈنداقتا ئانارنىڭ يۇرتى قەيەرلىكىنى بىلەمسىز؟
- ئانارنىڭ قانداق پايدىسى بار؟



Scanned with CamScanner



# ئۈزۈم پىشتى







ئاداش-ئاداش كېلىڭە،
ئۈزۈم پىشتى كۆرۈڭە.
مەن يەپ باقتىم بىر يېرىق،
سىزمۇ تېتىپ بېقىڭە.

تال باراڭنىڭ ئاستىدا،
ئۈزۈم ئۈزۈپ يۈردۈم مەن.
ئاپامغىمۇ بىر شىڭگىل،
ئاتاپ ئۈزۈپ قويدۇم مەن.

سىزمۇ كېلىپ باراڭدىن،
ئۈنچىلەر تېرىپ كېتىڭ.
ئۈزۈم سېلىپ سېۋەتكە،
«باغۋەن قىز» بولۇپ بېقىڭ.





ئۈزۈم
葡萄
pú táo
grape

- سىز ئۈزۈم بارىڭىنى كۆرگەنمۇ، «بىر يېرىق»، «بىر شىڭگىل»، «بىر ساپاق» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىر جۈملە سۆز ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟
- رەسىمدە قانداق رەڭدىكى ئۈزۈملەر بار ئىكەن؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قارىقات

黑 加 仑

hēi jiā lún

blackcurrant





# قارىقات



قارىقاتقا بىر قاراپ،
ئۈزۈممىكىن دەپتىمەن.
شەربىتىنى ئىچتىمىۇ،
قارىقات يېمەپتىمەن.

قارىقاتقا ھەيرانمەن،
بوياپ قويدى كىم ئۇنى؟
نەدە بولار قارىقات،
تاپىمەنغۇ بىر كۈنى.





- قارىقاتنى كۆرگەنمۇ ؟
- قارىقات بىلەن ئۈزۈمنى پەرقلەندۈرەلىدىڭىزمۇ ؟
- قارىقات نەدىن چىقىدۇ ؟



Scanned with CamScanner

# بانان يېسە بوۋاقلار



ئامراق ئىكەن بوۋاقلار،
بانان يۇمشاق بولغاچقا.
ئېمىتكۈچە يىغلىماس،
باناننى يەپ تويغاچقا.

بانان يېسە بوۋاقلار،
خۇشال كۈلۈپ ۋىلىقلار.
چۈنكى بانان بوۋاقنىڭ،
ئۈچىيىنى سىلىقلار.









بانان

香 蕉

xiāng jiāo

banana

- سىز بانان يېيىشكە ئامراق-
مۇ؟
- بانان يېمەكچى بولسىڭىز
ئۆزىڭىز ئاقلامسىز ياكى ئاپىڭىز
ئاقلاپ بېرەمدۇ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاناناس

菠 萝
bō luó

pineapple

# ئاناناس



ئاناناس، ئاناناس،
كىچىك باللار تۇتالماس.
تىكىنى كىرىپ كەتسە،
ئۆزى تېپىپ ئالالماس.

ئاناناسنى ئالغاندا،
«تاللاپ بېرەي مەن » دېمەڭ.
تۇتالمايسىز پىچاقنى،
«ئۆزۈم ئاقلاپ يەي» دېمەڭ.





● ئاناناسنى كىچىك باللار تۇتسا بولامدۇ، نېمە ئۈچۈن؟
● قىزچاق ئاناناسنى ئۆزۈم يەيمەن دەپ ئېلىۋاپتىكەن، قولىغا تىكىنى كىرىپ كېتىپتۇ. سىز قىزچاققا ياردەم قىلالامسىز؟



Scanned with CamScanner





# ئاپېلسىن



ئاپېلسىن ۋە ماندارىن،
ئوخشاش چاپان كىيىپتۇ.
ئايرىيالماي ئەقىدە،
تازا بېشى قېتىپتۇ.

ئاپېلسىننىڭ ئىچىدە،
سەككىز-توققۇز بالىسى.
دوستلار بىلەن تەڭ يەيدۇ،
بالىلارنىڭ ياخشىسى.



ئاپېلسىن
橘子
jú zǐ
orange





- چوقۇم ئاپېلسىن يېيىشنى ياخشى كۆرىسىز، شۇنداقمۇ؟
- ئاپېلسىننى قول بىلەن ئاقلىغىلى بولامدۇ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هالۋابىدىت، ئەبنۇس

柿 子

shì zi

Dragon fruit










# هالۋابىدىت ئاپتىمەن

ياردەملىشىپ موماغا،
كۆكتات ئالاي دەپتىمەن.
پەمىدۇرغا بۇيرۇسا،
هالۋابىدىت ئاپتىمەن.

موما مېنى كەچۈرۈڭ،
ئەمدى بىلدىم ئايرىشنى.
ئارىلاشتۇرۇپ قويىمايمەن،
كۆكتات بىلەن مېۋىنى.



● فىروزە كۆكتات

ئالغىلى بېرىپ ئىختىيارسىز مېۋىلەر تەرەپكە كېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئامراق مېۋىسىنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ يەردە پەمىدۇرمۇ بار ئىكەن دەپتۇ. ئېيتىڭلارچۇ، ئۇ پەمىدۇر ئالدىم دەپ نېمە ئالدى ؟



Scanned with CamScanner



ئەنبەھ، ماڭگو

芒 果

máng guǒ

mango

# ئەنبەھ

ئەنبەھ دېگەن مېۋىنى،
مەن ئەزەلدىن يېمەيتتىم.
پايدىسى بار دېسىمۇ،
جاھىللىقنى قىلاتتىم.

ئەمدى ئەنبەھ يېيىشنى،
ئۇكامغىمۇ ئۆگەتتىم.
ئۇنىڭ چۇچۇك تىلىنى،
بەكمۇ ئەپچىل تۈزەتتىم.





- ئەنبەھ دېگەن مېۋىنى تو-نۇۋالدىڭىزمۇ ؟
- دوستلىرىڭىز ئۇنىڭ ئىس-مىنى خاتا دەپ قويسا سىز چو-قۇم ئۇنىڭ تۈزىتىۋېلىشىغا يار-دەملىشىڭ. بۇنى قىلالايدىغانسىز ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لىمون
柠 檬
níng méng
lemon



# تونۇمايتتىم لىموننى

تونۇمايتتىم لىموننى،
بىلمەي بىرنى ئاپتىمەن.
ئالما يېگەندەك يەنە،
يوغان چىشلەپ ساپتىمەن.

پوستى قېلىن لىموننىڭ،
سوقىچاقراق كېلىدۇ.
سىقىپ ئىچسە سۈيىنى،
تەننى ساغلام قىلىدۇ.





● قىزچاق لىموننى ئالمىدەك دەپ چىشلەپتۇ. ئاكىسى چاقچاقلىق بىلەن رەسىمگە تارتىۋاپتۇ. بۇ قىلىقىدىن قىزچاق ئىزا تارتىپتۇ. ئاكىسىغا: ئەمدى مېۋە يېمەكچى بولسام ئاۋۋال ئىسمىنى بىلىشىم كېرەكمۇ؟ دەپتۇ.



Scanned with CamScanner

# ياڭاق

ياڭاق
核桃
hé tao
nut









خاسىيەتلىك مېۋە ئۇ،
ياڭاق دېگەن بىلەمسىز؟
بىزنىڭ باغدا ياڭاق بار،
چېقىپ يەيلى كېلەمسىز؟

«ياغاچ ساندۇق»ئىچىگە،
يوشۇرۇنغان مېۋىسى.
چېقىلسىلا ئىككىنچى،
«يېپىلمايدۇ» ئېغىزى.

ياڭاق دېگەن بۇ مېۋە،
بەك پايدىلىق مېڭىگە.
شۇڭا بىزگە زۆرۈردۇر،
يېمەك ھەركۈن سەھەردە.



- ياڭاق قانداق مېۋە، ئۇ قەيەردىن چىقىدۇ؟
- سىز ياڭاق يېيىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟
- ھەر كۈنى ناشتىدا ياڭاق يېدىڭىزمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# كاشتان

دوست-دوست دوست ئىدۇق،
كاشتان بىلەن دوست ئىدۇق.
كاشتانلارنى بۆلۈشۈپ،
دوستلار بىلەن تەڭ يېدۇق.





بەش-ئالتە تال كاشتاننى،
ئاپىمىزغا ئەپ ماڭدۇق.
بەكمۇ خۇشال ئويىنغاچ،
تۇيماي ئۆيگە كەچ قالدۇق.

كاشتان

板栗
bǎn lì

chestnut



- كاشتان قانداق مېۋە؟
- سىز كاشتانغا ئامراقمۇ؟
- كاشتاننى ئاپىڭىزنىڭ ياردىمىدە يېدىڭىزمۇ؟



Scanned with CamScanner



پىستە

阿月浑子

ā yuè hún zǐ

pistachio

# كۈلكەك پىستە

ياڭاق تۇرسا دومسىيىپ،
پىستە كۈلۈپ باقىدۇ.
بەكمۇ تەملىك مېغىزى،
ھەممىمىزگە ياقىدۇ.

كىملەر جاۋاب بېرىدۇ،
پىستىنىڭ «ئۆيى» نەدە؟
توپىدىمۇ، شاختىمۇ،
خوتەندىمۇ، قەشقەردە؟



- سىز پىستە يېيىشكە ئامراقمۇ؟
- پىستە دەرەختە بولامدۇ ياكى يەر ئاستىدا؟
- پىستە يېگەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




# بادام يەڭ



بادام يېگەن بالىنىڭ،
كۆزى روشەن بولارمىش.
قۇۋۋەت تېپىپ مېڭىسى،
كۈچ-ئەقىلگە تولارمىش.

شۇڭا ھەركۈن ناشتىدا،
بەش-ئالتە تال بادام يەڭ.
بۇنى بىلمەي قالمىسۇن،
دوستىڭىزغا چوقۇم دەڭ.





بادام

巴旦木
bā dàn mù

amygdalae



- بادامنى ياخشى كۆرەمسىز؟
- بادامنى چىش بىلەن چېقىش توغرىمۇ؟
- بۈگۈن بادام يېيىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟



Scanned with CamScanner

# جىگدىلەرنى بىلىمەن



مەن بىلىمەن جىگدىلەردىن،
قاغا جىگدىنى.
مەن بىلىمەن جىگدىلەردىن،
يېمىش جىگدىنى.
جىگدىلىكتە جىگدىلەرنى،
تېرىپ يۈرەتتۇق.
چېچىكىنى پۇراپ-پۇراپ،
ئويناپ يۈرەتتۇق.





قاغا كېلىپ قونۇۋالسا،
جىگدە شېخىغا.
قوغلايمىز دەپ ئاغىل-تاغىل،
تۇۋلاپ يۈرەتتۇق.



- سىز جىگدىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟
- قۇرساق ئاغرىغاندا جىگدە يېسە قۇرساق ئاغرىقى توختايدۇ. بۇنى دوستلىرىڭىزغا چوقۇم ئېيتىپ بېرىڭ.
- جىگدە يېسەم ساقىيىدىكەنغۇ دەپ قالايمىقان نەرسە يەپ قورسىقىڭىزنى ئاغرىتىۋالماڭ، بولامدۇ؟



جىگدە

沙 枣

shā zǎo

oleaster



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# چىلان تۆكۈلدى

ئاتىسام چالما ئاسمانغا،
قىزىل مۆلدۈر تۆكۈلدى.
قىزىل مۆلدۈر ئەمەس ئۇ،
شاختىن چىلان تۆكۈلدى.



قىزىل چىلان بىزلەرگە،
ۋىتامىن C ئەپ كەپتۇ.
ئورۇق- ۋىجىك دوستلارغا،
كۈچ بېرىمىز دەپ كەپتۇ.





چىلان
红 枣
hóng zǎo
jujube



● گۈلرە چىلاننى ياخشى كۆرىدىكەن، ئىسمىنى دېيەلمەيدىكەن. ئاپىسىغا «چىيان يەتىم» دەپتۇ. ئاپىسى «ماقۇي، بايام» دەپتىكەن، بۇنى ئاڭلاپ گۈلرە كۈلۈپ كېتىپتۇ.

● سىزمۇ ئاپىڭىز بىلەن شۇنداق پاراڭلىشامسىز؟



Scanned with CamScanner



# مايمۇن شاپتۇلى



مايمۇن شاپتۇلى
猕猴桃
mí hóu táo
monkey peach

مايمۇن شاپتۇلى دېسە،
ئامراقكەنمىز بالىلار.
يەۋالىمىز ئوغرىلاپ،
كۆرمىگەندە ئانىلار.

مايمۇن شاپتۇلى پوستى،
تىكەنلىك ھەم قىچىشقاق.
ئاقلاپ بەرسۇن ئاپىڭىز،
ساقلاپ تۇرۇڭ ھەي ئوماق.



مايمۇن شاپتۇلى دەپلا،
دۇم چۈشسىڭىز بولمايدۇ.
ئاغرىپ قالسىڭىز دوختۇر،
ئوكۇل سالماي قويمايدۇ.

- ئۇكام مايمۇن شاپتۇلىغا ئامراق بولغاچقا بىز كۆرمىگەندە جىق يەۋېلىپ، ئاغرىپ قالدى. دوختۇر ئۇنىڭغا ئوكۇل سالدى.
- كىچىك دوست، ئۇكامنى ھەرگىز دوراپ قالماڭ!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# خورما

خورما يېدىم،
ھەسەل تىلىم.
تامشىپ يەنە،
«بارمۇ؟» دېدىم.

ئانام دېدى:
«بولدى قىزىم.
ئاكىڭىزمۇ،
يېسۇن دېدىم.»

ئۆزۈمنىلا
ئويلىغانتىم.
قىلىقىمدىن،
بەك ئۇيالدىم.

خورما

蜜枣

mì zǎo

Candied jujube







- خورما يەپ باققانمۇ؟
- خورمىنىڭ تەمى قانداقكەن؟
- خورما بىلەن ئۈزۈك قېقىنى پەرقلەندۈرەلەمسىز؟



Scanned with CamScanner

# دۇريان دېگەن

دۇريان
榴 莲
liú lián
durian

يەپ باقمىدىم تېخى مەن،
دۇريان دېگەن مېۋىنى.
دېيەلمەيمەن شۇڭلاشقا،
سورىسىڭىز تەمىنى.



قاراپ باقسام بەكمۇ كۆپ،
تىكەن ئىكەن چاپىنى.
كىرپىگىلا ئوخشايدۇ،
سىز كۆرگەنمۇ كىرپىنى؟



- سىز دۇرياننى كۆرۈپ باققانمۇ؟
- ئۇنى قانداق يەيدۇ؟
- كىچىك باللار دۇرياننى تۇتسا بولامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ھايمانتۇس قانداق مېۋە؟

ھايمانتۇس بىر مېۋىنىڭ،
ئىسمى ئىكەن قاراڭلار.
«ئەجدىھا-شىر» تالاشقان،
مېۋە شۇمۇ ئاداشلار؟



ھايمانتۇس
火龙果
huǒ lóng guǒ
pitaya



ھايمانتۇس دېسە ئۇنى،
كارتونمىكىن دەپتىمەن.
كىتاب كۆرمەي يۇرگەچكە،
دۆتلىكىمنى تاپتىمەن.



- كاملەگە ھايمانتۇسنى كۆر-سىتىپ ئۇ نېمە دەپ سورىسام، ئۇ: ئەجدىھا-شىر ئويۇنىدىكى ئۇلار تالى-شىۋاتقان نەرسىكەنغۇ دېدى.
- مەن كاملەنىڭ ئوخشىتىشىغا ھەيران قالدىم. سىزمۇ ھەيران قالغانسىز-ھە؟



Scanned with CamScanner





# لىچى



قاراڭلار بۇ مېۋىنى،
چوڭلار دائىم يەيدىكەن.
مېنىڭ يېگۈم كەلگەندە،
نېمىشقا بەرمەيدىكەن؟

بىلدىم مەن ئەسلىي ئۇنىڭ،
ئۇرۇقى يوغان ئىكەن.
ئاۋايلاپ يېيەلمىسە،
گالغا تۇرۇپ قالاركەن.







لىچى
荔枝
lì zhī
litcji

- سىز لىچى يەپ باققانمۇ، بەلكىم يېگەنسىز، ئۇنداقتا ياخشى كۆرەمسىز؟
- لىچىنى يېگەندە نېمىگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# كۈلى بېھىسى

كۈلى بېھىسى،
غەيرىكەن ئىسمى.
مانتا كاۋىدەك،
تۈراركەن جىسمى.

يەپ باقمىدىمغۇ،
قانداقتۇر تەمى؟
دوستلىرىمغۇ ھەم،
يېمەپتۇ ئۈنى.





كۈلى بېھىسى

木瓜

mù guā

papaya



● كۈلى بېھىسىنى يەپ باقمىغان كىچىك دوستلار كۆپقۇ دەيمەن. مەنمۇ يەپ باقمىدىم.

● ئۈنداقتا بۇ مېۋىنىڭ قانداق تەملىك ئىكەنلىكىنى كىمدىن سورىساق بولار؟



Scanned with CamScanner



# مۇقاتىل



مۇقاتىل

腰 果

yāo guǒ

cashew

ئۆيىمىزدە ھېچقاچان،
ئۈزۈلمەيدۇ مۇقاتىل.
ئوماق ئۇكام ئىككىمىز،
ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىجىل.

داستىخاندا لىقمۇلىق،
نازۇ-نېمەت خىلمۇخىل.
كاپلا قىلىپ سالغىنىم،
يەنىلا شۇ مۇقاتىل.



- مۇقاتىل پايدىلىقمۇ؟
- مۇقاتىلنىڭ ئوزۇقلۇق ماددى-
سى بەك كۆپ ئىكەن. ئۇنداقتا ئۇنى
كۆپ يېسە قانداق تەسىرى بولىدۇ؟



Scanned with CamScanner

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





# يەر ياڭىقى



يەر ياڭىقى(خاسىڭ)

花 生

huā shēng

peanut

يەر ياڭىقىغا،
مەن بەكلا ئامراق.
ئاقلىيالمايمەن،
مەن ئۇنى بىراق.

ئاپام بەرمىسە،
ئۆزۈم ئالىمەن.
شۆپۈكى بىلەن،
«كاپ» لا سالىمەن.



نۇردۇن يەر ياڭىقىنى كۆرسىلا كاپىلا قىلىپ ئاغزىغا سالىدىكەن. ئۇ كىچىك بولغاچقا شۆپۈكىنى ئايرىپ يېيىشنى بىلمەيدۇ-دە! ئۇ كىڭىزمۇ شۇنداق قىلسا، قانداق قىلىسىز؟



كارامبولا
杨 桃
yáng táo
carambola



مىرىكا
杨 梅
yáng méi
red bayberry



چارتال، لوكۋا
枇 杷
pí pá
loquat



ئاق تۇرۇچ
柚 子
yóu zǐ
shaddock

- رەسىمدىكى مېۋىلەرنى تونۇمسىز ؟
- يەنە قانداق مېۋىلەرنى بىلىسىز ؟



Scanned with CamScanner